# 1 ـ ئاپرىل «يالغانچىلار بايرىمى» توغرىسىدا

﴿كذبة إبريل﴾

[uyghur-ئۇيغۇرچە-الأويغورية]


پەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد

تەرجىمە قىلغۇچى:  سەييىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بىكىتكۈچى : ن.تەمكىنى



نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2009 - 1430

islamhouse.com

# ﴿كــــذبــــــة إبــــــريــــــــــل﴾

«باللغة الأويغورية»

فضيلة الشيخ محمد صالح المنجد

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: ن. تمكيني

حقوق الطبع والـنشر لـكل مـسلم

2009 - 1430

islamhouse.com

# 1 ـ ئاپرېل «يالغانچىلار بايرىمى» توغرىسىدا

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھنى ماختايمىز. ئۇنىڭدىن ياردەم سورايمىز ۋە كەچۈرۈم تەلەپ قىلىمىز. نەپسىمىزنىڭ يامانلىقى، ئەمەللىرىمىزنىڭ ناچارلىقىدىن سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىم ئازدۇرالمايدۇ، ئاللاھ ھىدايەت قىلمىغان كىشىنى ھېچكىم توغرا يولغا باشلىيالمايدۇ.

يالغانچىلىق۔ئالدامچىلىق ناچار ئەخلاق بولۇپ، ئىنسانىيەتتىكى تەبىئىتى پىترەت يالغانچىلىقنىڭ ناچار ئەخلاق ئىكەنلىكىنى قەتئىي مۇقىملاشتۇرىدۇ. ساغلام ئەقىل ئىگىلىرى يالغانچىلىقنىڭ قايىسى تۈرى بولىشىدىن قەتئىي نەزەر ئۇنى قوبۇل قىلالمايدۇ. ساماۋى شەرئى پرىنسىپلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنى ئەخلاقسىزلىقتىن ئاگاھلاندۇرغان. بىزنىڭ توغرا دىنىمىز قۇرئان۔ھەدىس ئارقىلىق كىشىلەرنى بۇ ناچار ئىللەتتىن ساقلىنىشقا بۇيرىغان يالغانچىلىقنىڭ دىنىمىزدا چەكلەنگەنلىكىگە ئىسلام ئۆلىمالىرى بىرلىككە كەلگەن. شۇ سەۋەپتىن يالغانچىلىقنىڭ ئاقىۋىتى دۇنيا۔ئاخىرەتتە ياخشىلىق ئىلىپ كەلمەيدۇ.

شەرىئەت، كىشىلەرنىڭ ھەققىنى يەۋالمايدىغان، ناھەق قان تۆكۈلمەيدىغان باشقىلارنىڭ يۈز ئابرۇيىغا تاجاۋۇز قىلىنمايدىغان كىشىلەرنىڭ جېنىنى قوغدايدىغان، ئىككى تەرەپ ئارىسىنى ئىسلاھ

قىلىدىغان، ئەر-ئايالالار ئارىسىدىكى مۇھەببەتنى كۈچەيتىدىغان مەلۇم ئىشلاردا يالغان سۆزلەشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ.

شەرئەت كىشىلەرنىڭ يالغان سۆزلىشى ۋە باشقىلارغا خالىغانچە يالغان خەۋەر يەتكۈزۈشى دۇرۇس بولىدىغان ھېچقانداق بىر كۈن ياكى سائەت-مىنۇت ۋاقىت بېكىتمىگەن، كىشىلەر ئارىسىدا كەڭ تارالغان ئاپرېل ئېيىنىڭ ئەۋۋىلىدىكى يالغانچىلىق ۋە بىر-بىرىگە يالغان خەۋەر يەتكۈزۈش ۋە بۇ كۈندە يالغان سۆزلىسە بولىدۇ دېگەن سۆزلەرنىڭ شەرئەتتە ھېچقانداق ئاساسى يوق.

يالغانچىلىقنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان نۇرغۇن دەلىللەر بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «يەقەت ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە ئىشەنمەيدىغانلارلا ئاللاھقا يالغان چاپلايدۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يالغانچى ئەمەس، دەل ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى يالغانچىدۇر» نەھلى سۈرىسى 105 -ئايەت .

ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يالغانچى ئەمەسلىكىنى، ھەقىقەتەن يالغانچىلارنىڭ ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا يالغان چاپلايدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە ئىشەنمەيدىغان، كىشىلەر ئارىسىدا يالغانچىلىق بىلەن تونۇلغان دىنسىز كاپىرلاردىن ئىبارەت كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئەسكىلىرى ئىكەنلىكىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولسا كىشىلەرنىڭ ئەڭ سەممىمى، راستچىل، ئىلىم، ئىمان ۋە ئەمەلدە كامالەتكە يەتكەن، ئۆز مىللەتلىرى ئىچىدە راستچىللىق ۋە ھەققانىيەتچىلىكى بىلەن مەشھۇر بولغان، ھەممە كىشى

ئۇنى مۇھەممەد ئەمەس يەنى راستچىل مۇھەممەد دەپ ئاتايدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى". (تەپسىر ئىبنى كەسىر 2- توم 588 -بەت).

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇناپىقنىڭ بەلگىسى ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ، سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ئامانەتكە خىيانەت قىلىدۇ، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىدۇ» بۇ ھەدىسنى بۇخارىي 33-، مۇسلىم 59- نومۇرلۇق ھەدىستە رىۋايەت قىلغان.

يالغانچىلىق تۈرىنىڭ ئەڭ قەبىھ بولغىنى ئويۇن-چاقچاق قىلىپ يالغان سۆزلەشتىن ئىبارەت.

بەزى كىشىلەر چاقچاق قىلىپ يالغان سۆزلىسە دۇرۇس بولىدۇ دەپ قارايدۇ، شۇڭا ئۇلار ئاپرىلدا ۋا باشقا ۋاقىتتا قىلغان يالغان سۆزلىرىگە چاقچاق قىلغان دەپ تۈرىۋالىدۇ، بۇ توغرا ئەمەس. بۇنىڭ شەرىئەتتە ھېچ قانداق ئاساسى يوق. بەلكى يالغان سۆزلەش چاقچاق بىلەن ياكى ئۇنىڭ غەيرى بىلەن بولسۇن ئوخشاشلا ھارام بولىدۇ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن چاقچاق قىلساممۇ ھەق سۆزنى دەيمەن» بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان، ئەلبانىي سەھىھ دېگەن.

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ساھابىلار: يا رەسۇلۇللاھ! سىلە بىزگە چاقچاق قىلامىلا؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«مەن چاقچاق قىلساممۇ ھەق سۆزنى دەيمەن» دېگەن. بۇ ھەدىسنى تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ئاپرېل ئېيىدا ئومۇملاشقان يالغانچىلىقنىڭ نېمە سەۋەپتىن بولغانلىقىنىڭ ئەسلى بىلىنمىسىمۇ لېكىن بۇ توغرىدا ئالىملارنىڭ تۆرلۈك قاراشلىرى بار: بەزىلەر بۇ ئىش 3- ئاينىڭ 21- كۈنى كېچە-كۈندۈز تەڭلەشكەندە ئۆتكۈزۈلىدىغان باھار پەسلى مۇناسىۋىتىدىن پەيدا بولغان دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر: بۇ بىدئەتچىلىك ئىلگىركى ئەسىرلەردىكى بۇت پەرەسلەرنىڭ باھار پەسلىنىڭ ئەۋۋىلىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان دىنى بايرىمىنىڭ قالدۇقلىرىغا تۇتىشىدۇ. يەنە بەزىلەر بۇ بايرام مەلۇم قوماندانلار تەرىپىدىن يولغا قويۇلغان بولۇپ، ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ باشقىلارغا ئالدانماسلىق ئېڭىنى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىلغان دەپ قارىلىدۇ. ئاپرېل ئېيىدا ئومۇملاشقان يالغانچىلىق يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ سەۋەبى بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدا راۋاجلانغان دەپ قارىلىدۇ.

بەزىلەر بۇ يالغانچىلىقنىڭ ئەسلىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىزنىڭ ئارىمىزدىكى كۆپچىلىك كىشىلەر بىرىنچى ئاپرېل يالغانچىلار بايرىمى دەپ بايرام قىلىدۇ، بۇنىڭ ئەسلى مەنىسى "ئاپرېل ئالدامچىلىقى" دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭ كەينىگە يوشۇرۇلغان ئاچچىق ھەقىقەتنى كۆپچىلىكىمىز بىلمەيمىز.

مۇسۇلمانلار بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇن ئىسپانىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقاندا ئۇلارنىڭ كۈچىگە ھېچقانداق كۈچ تەڭ كېلەلمەيتتى، غەرب ناسارالىرى غەرب دۇنياسىدىن ئىسلامنى يوقۇتۇشنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ لېكىن كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلمىگەن ئىدى.

ئىسلامنىڭ ئىسپانىيىدە تارقىلىشىغا ۋە يوقىتىشقا كۆپ قېتىم ئۇرۇنغان بولسىمۇ نەتىجە قازىنالمىغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئىسپانىيەگە

جاسۇسلىرىنى ئەۋەتىپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەغلۇب بولماسلىقىدىكى ئاساسلىق سىر ئۇلارنىڭ تەقۋالىقنى لازىم تۇتقانلىقىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ كۈچ قۇۋۋىتىنى سۇندۇرۇش ئۈچۈن پىلان تۈزۈپ، ئىسپانىيەگە هاراق-تاماكا يۆتكەپ ھەقسىز تارقاتقان، غەربنىڭ بۇ تاكتىكىسى ئۈنۈم بەرگەن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانى ئاجىزلىششقا باشلىغان، بولۇپمۇ ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ئىسپانىيە ياشلىرىدا ئېتىقاد سۇسلۇقى، هاۋايى -ھەۋەسكە بېرىلىشى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئارتىپ بارغان.

ئاخىرقى نەتىجىدە غەربنىڭ كاتولىك خرىستىئانلىرى مۇسۇلمانلار 800 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىسپانىيەنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى. مۇسۇلمانلارنىڭ غەرناتا شەھىرىدىكى ئاخىرقى قورغىنى ئاپرىلنىڭ بىرىدە ئۇلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بۇ كۈننى ئاپرىل ئالدامچىلىقى دەپ ئاتىغان(APRIL FOOL).

ئۇلار شۇ يىلدىن باشلاپ هازىرغىچە ئاپرىلنىڭ بىرىدە بايرام قىلىپ مۇسۇلمانلارنى ئەخمەقلەر دەپ قارايدۇ. (ئەمەلىيەتتە مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ دېيىشى ئۇسۇل ئويىنىمىغىنىدا ئىدى، بەلكىم 8ئەسىر ھۆكۈمرانلىق قىلغان سەلتەنەتنى تارتقۇزۇپ قويمىغان بولاتتى)

ئۇلار ساختىپەزلىك بىلەن مۇسۇلمانلارنى ئالداشنى پەقەت غەرناتادىكى مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىگىلا قىلمايدۇ، بەلكى بارلىق ئىسلام ئۈممىتىگە قىلىدۇ. بىزنىڭ مۇشۇ بايرامغا قاتنىششىمىز ئۈچۈنغا چىققان هاماقەتلىك ۋە قارىغۇلارچە ئۇلارنىڭ دېيىشى ئۇسۇل ئويىنىغانلىق، بەلكى

بىزنىڭ دۆلىتىمىزدىن ئۇلارغا قارىغۇلارچە ئەگىشىشىمىزدۇر. ئەگەر بۇ بايرامنىڭ ھەقىقى ماھىيىتىنى بىلگىنىمىزدە ئۆزىمىزنىڭ مەغلۇبىيىتىمىزنى تەبرىكلەپ بايرام قىلمىغان بولاتتۇق. قېنى سىز يەنە بۇ بايرامنى تەبرىكلەپ، بۇ كۈندە باشقىلارنى ئالداشتەك ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلامسىز؟ ياكى تۆۋە قىلىپ يالغانچىلىقتىن تىلىڭىزنى يىغامسىز؟ بۇ ئەلۋەتتە سىزنىڭ ئىمانىڭىزغا باغلىق بىر مەسىلە!.

بىز ھەقىقەتنى بىلگەندىن كېيىن، بۇ كۈنلەردىكى مۇناسىۋەتلەرگە قاتناشماسلىق ھەققىدە ئۆزىمىزگە ۋىجدانى ۋەدە بېرىشىمىز، ئىسپانىيەنىڭ قولدىن كېتىش ۋەقەلىكىدىن ئىبرەت ئېلىپ ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىنى تەتبىقلاپ ئىمانىمىزنىڭ سۇسلىشىپ كېتىشىگە يول قويماسلىقىمىز لازىم. (ئەتراپىمىزغا قارايدىغان بولساق، دۇنيادا بەزى بىر مۇسۇلمان مىللەتلەرنى گۇناھ-مەسىيەت، ئەيش-ئىشرەت، ھاراق- تاماكا ۋە چېكىملىكلەر بىلەن ۋاستىلىق تەمىنلەپ، مىللەتنىڭ يوقىلىشىغا ئۇل ھازىرلاۋاتقان ھۆكۈمرانلارمۇ ئانچە ئاز بولمىسا كېرەك. شۇڭا بۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان مۇسۇلمانلار كالللىسىنى سىلكىشى، ئەخلاقى كىرزىسقا خاتىمە بېرىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ گۈللىنىشىگە بىر كىشىلىك تۆھپە قوشۇشى ئىمانى ۋە مىللى بۇرچىدۇر.-مۇھەررىر-)

بىز يالغانچىلىق قىلىشنىڭ ھاراملىقىنى بىلگەندىن كېيىن بۇنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىشىمىزنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، بەلكى بۇ ئىسلام گۈللەنگەن دەۋرلەردە بولمىغان ياكى مۇسۇلمانلار پەيدا قىلغان ئىش بولماستىن، دىن دۈشمەنلىرىنىڭ ھىيلى-مىكىر، ئالدامچىلىقتىن مەيدانغا كەلگەن بايرامدۇر.

ئاپرېل ئالدامچىلىقى سەۋەبىدىن يۈزبەرگەن ھادىسىلەرنىڭ سانى يوق، كىشىلەرنىڭ بەزىسى بەزىسىگە يالغاندىن بىرنىڭ بالىسى، يەنە بىرىنىڭ ئايالى ياكى ياخشى كۆرىدىغان يېقىن كىشىلىرىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر قىلغاندا، بۇ ئۇشتۇمتۇت خەۋەردىن بەزى كىشىلەرنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىش ئەھۋاللىرى كېلىپ چىققان، بەزىلەرگە خىزمىتىدىن بىكار قىلىنغانلىق ياكى ئۆيىگە ئوت كەتكەنلىك ياكى بالىلىرىنى ماشىنا سوقىۋەتكەنلىك توغرىسىدا خەۋەر بەرگەندە بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ مېڭىسىگە قان چۈشۈش، يۈت-قولى تۇتماسلىق قاتارلىق كېسەللەرگە گىرىپتار بولۇپ قالغان، بەزى كىشىلەرگە ئايالىنىڭ باشقىلار بىلەن بىرگە تۇرغانلىقىدىن خەۋەر بېرىلگەندە ئايالىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ياكى تالاق قىلىۋېتىش ۋەقەلىرى يۈزبەرگەن.

بۇ توغرىدىكى ۋەقەلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇنىڭ ھەممىسى دىن، ئەقىل ۋە ساغلام تەبىئەت قوبۇل قىلمايدىغان يالغانچىلىقنىڭ ئاقىۋىتىدىن بولغان ئىشلاردۇر.

ئاللاھ تائالا ھەممەيلەننى يالغانچىلىقتىن ساقلىسۇن ئامىن.